# جۇڭگونىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتكەن ئۇلۇغ ھەل قىلغۇچ جەڭ

(بېشى 1 ـ بەتتە)

خەلقنى ياخشى كۈنگە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن، نامراتلارنى يۆلەش باشتىن ـ ئاخىر يولداش شى جىنپىڭنىڭ خىزمىتىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى بولۇپ كەلدى، سەرپ قىلغان زېھنى ئەڭ كۆپ بولدى.

ئاساسىي قاتلامدا خىزمەت قىلغان مەزگىلدە، شىمالىي شەنشىدىكى لياڭجىياخېدا، ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇسى يۇرتداشلارغا بىر ۋاق تويغۇدەك گۆش يېگۈزۈش ئىدى؛ خېبېي جېڭدىڭدا، ئۇ خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىپ «يوقىرى ھوسۇللۇق نامرات ناھىيە» قالپىقىنى ئېلىۋېتىشكە بەل باغلىدى؛ فۇجيەن نىڭدېدا، ئۇ «ئاجىز قۇش ئالدىن ئۇچۇش»تەك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش يولى ئۈستىدە ئىزدەندى.

2012 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدا 2020 ـ يىلغا بارغاندا ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۇلۇغۋار نىشانى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىلىقىغا سايلانغان يولداش شى جىنپىڭ جۇڭگولۇق ۋە چەت ئەللىك مۇخبىرلار بىلەن كۆرۈشكەندە تەنتەنىلىك ھالدا: «خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشى دەل بىزنىڭ كۆرەش نىشانىمىز» دېدى.

بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن كېيىن، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ سىماسى تەيخاڭشەن تېغىنىڭ ئىچكىرىسىدە پەيدا بولدى.

خېبېي ئۆلكىسى فۇپىڭ ناھىيەسىنىڭ لوتوۋەن كەنتى شۇ جايدىكى داڭقى چىققان ئالاھىدە نامرات كەنت بولۇپ، 608 نوپۇسنىڭ 428ى نامرات نوپۇس ئىدى، بۇ يەرنىڭ نامراتلىق ئەھۋالى باش شۇجى شى جىنپىڭنى بەكلا خاتىرجەمسىزلەندۈردى.

باش شۇجى تەكشۈرۈشتە بولغاندا مۇنداق دېدى: «نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشىنى قوللاپ، ئۇلارنىڭ غەم ـ ئەندىشىسىنى تۈگىتىشكە، قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرىپ، تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن خەلقنى تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ئادىل مەنپەئەتلەندۈرۈش پارتىيەمىزنىڭ جان ـ دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش تۈپ ئاساسىي مەقسىتىدە چىڭ تۇرۇشىنىڭ مۇھىم ئىپادىسى، شۇنداقلا پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مۇھىم، زور ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتى».

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش، بۇ، خەلقنى بەختكە ئېرىشتۈرۈشتىكى ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەت ۋە بۇرچ ——

2018 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ سىچۇەن لياڭشەنگە كەلدى. سەنخې كەنتىدە، باش شۇجى كەنت ئاھالىلىرى ۋەكىللىرى، كەنتتە تۇرۇشلۇق نامراتلارنى يۆلەش خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزالىرى بىلەن كەنت ئاھالىسى جىيىلىي ئېنىمۇنىڭ ئۆيىدىكى چوغدانىنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ، كەڭ كۆشادە پىكىر ئالماشتۇردى.

باش شۇجى شى جىنپىڭ كۆپچىلىككە مۇنداق دېدى: پارتىيەمىز دۇنياغا كەلگەن كۈندىن باشلاپ، مىللەتنىڭ ئازادلىقىنى كۆزلەش، خەلقنى بەختكە ئېرىشتۈرۈشنى ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسى قىلدى. خەلق ئاممىسىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ بېيىتىش كوممۇنىستلارنىڭ باشتىن ـ ئاخىر ئۆزگەرمەس كۆرەش نىشانى.

«كوممۇنىستىك پارتىيە پۇقرالارغا بەرگەن ۋەدىسىنى چوقۇم ئىشقا ئاشۇرىدۇ!» دېدى باش شۇجى چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ.

بۇ ۋەدە ئۈچۈن، پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ھارماس قەدەمى نامرات بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلارغىچە باردى، ئۇ مەركىزىلىك تۈتاش كەتكەن 14 ئالاھىدە نامرات رايونىنى ئايلىنىپ، 20 نەچچە نامرات كەنتتە تەكشۈرۈشتە بولدى، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، نامراتلارنى زىيارەت قىلىش، ئۇلاردىن ھال ـ ئەھۋال سوراشنىڭ ھەربىر تەپسىلاتىغا «مەن ئۆزۈمنى ئۇنتۇغان ھالدا ئىشلەپ، خەلقنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويمايمەن» دېگەن بۇرچ ۋە ھېسسىيات سىڭگەندى.

بۇ ۋەدە ئۈچۈن، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى ھەربىر مۇھىم تۈگۈن ۋە مۇھىم، زور پەيتتە، باش شۇجى ئۆزى قوماندانلىق قىلىپ، ئۆزى جەڭگە ئاتلىنىپ، ئۆزى جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، يەتتە قېتىم نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش سۆھبەت يىغىنى ئاچتى، كۆپ قېتىم ئۆزى رىياسەتچىلىك قىلىپ يىغىن ئېچىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىنى تەتقىق قىلىپ ئورۇنلاشتۇرما قىلدى، ھەر يىلى مەملىكەتلىك ئىككى يىغىندا ۋەكىللەر، ئەزالار بىلەن نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ئۇلۇغۋار پىلانى ئۈستىدە ئورتاق كېڭەشتى.

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىمىز! 90 مىليوندىن ئارتۇق پارتىيە ئەزاسى بار بىر چوڭ پارتىيە، يۈز مىليونلىغان خەلقنىڭ بەختى ئۈچۈن، مۇتلەق نامراتلىقنى تۈگىتىش نىشانىغا قاراپ ئومۇمىي ھۇجۇم قوزغىدى.

ئەسلىي مەقسەت بۇرچنى بەلگىلەيدۇ، تارىخ يۆنىلىشنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

2017 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى نامراتلىقتىن دەل جايىدا قۇتۇلدۇرۇشنى ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ بىرى قىلىپ بېكىتتى.

شۇ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ مەركىزىي يېزا خىزمىتى يىغىنىدا مۇنداق تەكىتلىدى: «ئومۇميۈزلۈك ھاللىق سەۋىيەگە يېتىش نىشانىنى قەرەلىدە ئىشقا ئاشۇرۇش ـ ئاشۇرالماسلىقتا، ئاچقۇچ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش ـ قىلالماسلىققا باغلىق».

ۋەزنى ئالتۇندىنمۇ ئېغىر بولغان ۋەدە تارىختا مەسئۇل بولۇشتەك باتۇرلۇق ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقنى نامايان قىلدى ——

2015 ـ يىلى 1 ـ ئايدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ يۈننەن كۈنمىڭدا دۆلەتلىك مىللەتلەر ئاممىسى ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشكەندە، ھاللىق سەۋىيەنى ئومۇميۈزلۈك ئىشقا ئاشۇرۇشتا، بىر مىللەتمۇ كەم بولسا بولمايدۇ، دەپ تەكىتلىدى.

2019 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ دۇلۇڭجياڭ يېزىسىدىكى ئاممىغا جاۋاب خەت قايتۇرۇپ، دۇلۇڭ مىللىتىنىڭ پۈتۈن مىللەت بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلغانلىقىنى تەبرىكلىدى.

بۈگۈنكى كۈندە، دۆلىتىمىزدىكى نوپۇسى بىر قەدەر ئاز 28 مىللەتنىڭ ھەممىسى پۈتۈن مىللەت بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، مىڭ يىللىق ھالقىشنى ئىشقا ئاشۇردى.

«ئىككى 100 يىل»لىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىستراتېگىيەلىك يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت ئىلگىرىلەش كوردىناتىدا، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق سەۋىيەگە يېتىش «ئاچقۇچلۇق بىر قەدەم»، مۇتلەق نامراتلىقنى تۈگىتىش بولسا «ئاچقۇچلۇق بىر قەدەم»نى ياخشى بېسىشتىكى «ئاچقۇچلۇق بىر سەكرەش» ھېسابلىنىدۇ.

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: «ۋاقتى كېلىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىلغانلىقى جاكارلانغاندا، يەنە شۇنچە كۆپ ئامما نامراتلىق سىزىقى ئاستىدا ياشىسا بولمايدۇ».

يېزىلاردىكى نامرات نوپۇستىن ئىبارەت بۇ ئەڭ گەۋدىلىك كەمتۈكلۈك ئالدىدا، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ تۆۋەن چەك ۋەزىپىسى ئايدىڭلاشتۇرۇلدى: 2020 ـ يىلغا بارغاندا، ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ئۆلچەم بويىچە يېزىلاردىكى نامرات نوپۇس قەرەلىدە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، نامرات ناھىيەلەرنىڭ ھەممىسى نامراتلىق قالپىقىنى ئېلىۋېتىپ، رايون خاراكتېرلىك ئومۇمىي نامراتلىق ھەل قىلىنىدۇ.

ھەر يىلى نامراتلار سانى 10 مىليوندىن ئارتۇق ئازايتىلدۇ، 832 نامرات ناھىيەنىڭ ھەممىسى نامراتلىق قالپىقىنى ئېلىۋېتىدۇ، بۇ ئۇلۇغۋار ئىش مۇقەررەركى جاپا ـ مۇشەققەت، خەۋپ ـ خەتەر، توسالغۇلارغا تولغان.

تولۇق غەلىبە قىلمىغۇچە، قوشۇننى قەتئىي قايتۇرۇپ كېلىشكە بولمايدۇ.

«مەيلى بۇ مەسىلە قانچىلىك قىيىن بولسۇن جەزمەن ھەل قىلىش كېرەك، مەيلى بۇ مەيدان ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى قىلىش قانچىلىك قىيىن بولسۇن جەزمەن غەلىبە قىلىش كېرەك»، باش شۇجى شى جىنپىڭ پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن جەمئىيەتكە بۇيرۇق چۈشۈردى.

ھەل قىلغۇچ جەڭدە ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش ئادەتتىن تاشقىرى سالماقتىكى تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلارغا موھتاج ——

پەۋقۇلئاددە نىشانغا چوقۇم پەۋقۇلئاددە تەدبىر بولۇشى كېرەك. دىققەتنى كونا ئىنقىلابىي رايونلارغا مەركەزلەشتۈرۈپ، «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»تىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، ئېغىر نامراتلىققا ھۇجۇم قىلىپ ۋە ئۇنى يېڭىپ، ۋۇشىسكا ئېبىسپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىشنى يولغا قويۇش... نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ھەر قېتىم ئاچقۇچلۇق پەيتكە كەلگەندە، ئاچقۇچلۇق مەسىلىگە دۇچ كەلگەندە، باش شۇجى شى جىنپىڭ ھەمىشە ۋاقتىدا مۇھىم، زور ئورۇنلاشتۇرمىلارنى قىلىپ، ئېنىق تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

بۇ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ كۈچىنى ئىشقا سېلىپ قانات يايدۇرۇلغان بىر مەيدان دۆلەت ھەرىكىتى:

شەرقىي قىسىم بىلەن غەربىي قىسىم نامراتلارنى يۆلەش ھەمكارلىقىنى يولغا قويدى، شەرقىي قىسىمدىكى توققۇز ئۆلكە، 14 شەھەر ئوتتۇرا، غەربىي قىسىمدىكى 14 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاستە قاراشلىق شەھەر بىلەن قوشماقلىشىپ، ياردەم بېرىپ يۆلىدى، پۈتۈن مەملىكەت شىزاڭ ۋە شىنجاڭغا ياردەم بەردى، شەرقىي قىسىمدىكى ئىقتىسادى بىرقەدەر تەرەققىي قىلغان 343 ناھىيە، شەھەر، رايون ئوتتۇرا، غەربىي قىسىمدىكى 573 نامرات ناھىيە بىلەن قول تۇتۇشۇپ ھاللىق سەۋىيەگە ئاتلىنىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى؛

نۇقتا بەلگىلەپ نامراتلارنى يۆلەش قانات يايدۇرۇلدى، مەركەزگە قاراشلىق 307 ئورۇن 592 نامرات ناھىيەگە نۇقتا بەلگىلەپ ياردەم بەردى، يۆلىدى، ئارمىيە 4100 نامرات كەنتكە نۇقتا بەلگىلەپ ياردەم بەردى، يۆلىدى؛

جەمئىيەت سەپەرۋەر قىلىندى، 123 مىڭ پۇقراۋى كارخانا «ئونمىڭ كارخانا ئونمىڭ كەنتكە ياردەم بېرىش» بويىچە نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش ھەرىكىتىگە قاتنىشىپ، 72 مىڭ 800 نامرات كەنتكە ياردەم بەردى، يۆلىدى؛

2012 ـ يىلدىن 2020 ـ يىلغىچە، ھەر دەرىجىلىك مالىيە نامراتلارنى يۆلەش مەخسۇس تۈر مەبلىغىدىن جەمئىي 1 تىرىليون 600 مىليارد يۈەن ئاجراتتى، نامراتلارنى يۆلەش تەكرار قەرز پۇلىدىن جەمئىي 668 مىليارد 800 مىليون يۈەن تارقاتتى.

«بۇنى دۇنيادا پەقەت بىزنىڭ پارتىيەمىز ۋە دۆلىتىمىزلا قىلالايدۇ، بۇ بىزنىڭ سىياسىي ئەۋزەللىكىمىز ۋە تۈزۈم ئەۋزەللىكىمىزنى تولۇق نامايان قىلىپ بەردى» دەپ كۆرسەتتى باش شۇجى شى جىنپىڭ.

### ئىلمىي، دەل جايىدا بولغان ھەرىكەت تەدبىرى

**—— سىياسىي ئەۋزەللىك ۋە تۈزۈم ئەۋزەللىكىنى نامايان قىلىپ، نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش، نامراتلىقتىن دەل جايىدا قۇتۇلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگوچە نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش يولىنى ئېچىش**

شىبادۇڭ كەنتى جۇڭگونىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى «يەر بەلگىسى».

2013 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، خۇنەندە تەكشۈرۈشتە بولۇۋاتقان باش شۇجى شى جىنپىڭ شىبادۇڭ كەنتىگە كەلدى.

«تەرەققىيات نامراتلىق قالپىقىنى چۆرۈپ تاشلاشنىڭ ئومۇمىي چارىسى، نامرات رايونلار ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ، نېمە تېرىش، نېمە بېقىش، كىرىمنى قەيەردىن ئاشۇرۇشنى ئويلاپ يېتىپ، يۇرتداشلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشىنىڭ ياخشى يولىنى تېپىشىغا ياردەم بېرىشى كېرەك.» دەل مۇشۇ جايدا باش شۇجى شى جىنپىڭ «نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش» ئۇقۇمىنى تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويدى.

باش شۇجىنىڭ تەلىپى بويىچە، شىبادۇڭ كەنتى «ساياھەت +» كەسىپ سىستېمىسىنى كۈچەپ بەرپا قىلىپ، يېزا ساياھىتى دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇرۇپ، مىۋازۇ كەشتىچىلىكى، سېرىق شاپتۇل قاتارلىق مىللىي ھۈنەر ـ سەنئەت ۋە خاس كەسىپلەرنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، «بىرلىشىپ» تەرەققىي قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، كۆلەم ئېففېكتى ئېلىپ كېلىپ، پۈتۈن كەنت بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنى ئىشقا ئاشۇردى.

دۆلىتىمىزدىكى نامرات رايونلار ۋە نامرات نوپۇسنىڭ پەرقى چوڭ، نامراتلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش سەۋەبى مۇرەككەپ، ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن ھەربىر ئائىلىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشتا، نامراتلارنى يۆلەش تەدبىرلىرى جەزمەن قاراتمىلىققا ئىگە بولۇشى كېرەك، «گىرانات بىلەن بۈرگىنى پارتلىتىش»قا بولمايدۇ.

«ئالتىدە دەل جايىدا بولۇش»نى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن «بەش بىر تۈركۈم»نى يولغا قويۇشقىچە، ئالدىن كىمنى يۆلەش، كىم يۆلەش، قانداق يۆلەش، قانداق چېكىندۈرۈش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقىچە، پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، باش شۇجى شى جىنپىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توغرىسىدا بىر قاتار مۇھىم بايانلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش، نامراتلىقتىن دەل جايىدا قۇتۇلدۇرۇش ئاساسىي تەدبىرىنى ئىجادىي ئوتتۇرىغا قويۇپ، نامراتلارنى يۆلەش، نامراتلار سانىنى ئازايتىش نەزەرىيەسىدە يېڭىلىق يارىتىش ۋە ئەمەلىيەتتە يېڭىلىق يارىتىشقا تۈرتكە بولدى ——

ھەقىقىي نامراتلارنى زىيارەت قىلىش، ھەقىقىي نامراتلارنى يۆلەش، نامراتلارنى ھەقىقىي يۆلەشنى تەكىتلەپ، نامراتلىقنى كەلتۈرۈپ چىقارغان سەۋەبكە قارىتا «تومۇر تۇتۇپ دىياگنوز قويۇپ»، «نامراتلىق يىلتىزى»نى توغرا تېپىپ، ھەممىدە ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە چىڭ تۇرۇشتەك دىيالېكتىك ماتېرىيالىزمنى گەۋدىلەندۈردى؛

كەنت، ئائىلە، ئادەمگە قاراپ تەدبىر قوللىنىشنى تەكىتلەپ، ئوخشاش بولمىغان ئەھۋاللارنى پەرقلەندۈرۈپ، «نىشانلىق داۋالاش»نى تەدبىقلاپ، «نامراتلىق يىلتىزى»نى قومۇرۇپ تاشلاپ، ئاساسىي زىددىيەت بىلەن زىددىيەتنىڭ ئاساسىي تەرىپىنى چىڭ تۇتتى؛

نامرات رايونلار ۋە نامرات ئاممىنىڭ ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى ئۇرغۇتۇشنى تەكىتلەپ، نامراتلارنى يۆلەش بىلەن ئەقىل جەھەتتىن يۆلەش، ئىرادە جەھەتتىن يۆلەشنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ، تاشقى ئامىل بىلەن ئىچكى ئامىلنىڭ دىيالېكتىك مۇناسىۋىتىنى گەۋدىلەندۈردى؛

پۈتۈن جەمئىيەتتىكى كۈچلەرنى ئورتاق قاتنىشىشقا كەڭ سەپەرۋەر قىلىشنى تەكىتلەپ، نامراتلارنى يۆلەش چوڭ ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىپ، نامراتلىقنى سىستېمىلىق تۈزەپ، كۈچنى بىرلەشتۈرۈپ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ، سىستېمىلىق تەپەككۇر بىلەن ئومۇمىي تەپەككۇرنى نامايان قىلدى.

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: «نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇشنىڭ ئالغا سىلجىشىپ بۈگۈنكىدەك مۇشۇنداق سەۋىيەگە كەلتۈرۈلۈشىنىڭ ئەھمىيىتى دەل جايىدا بولۇشتا، مۇھىملىقى دەل جايىدا بولۇشتا، غەلىبە قىلىش ياكى مەغلۇپ بولۇشمۇ تەدبىرنىڭ دەل جايىدا بولۇش ـ بولماسلىقىغا باغلىق».

دەل جايىدا بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمى ئەڭ كۈچلۈك تىرەك.

2021 ـ يىلى كىرىشى بىلەنلا، فۇجيەننىڭ نىڭشياغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ھېكايىسى بايان قىلىنغان «تاغ ـ دېڭىز مۇھەببىتى» ناملىق كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى كۆرستىلىپ زور ئالقىشقا ئېرىشىپ، قوغلىشىپ كۆرۈش قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلدى.

«فۇجيەن ـ نىڭشيا نامراتلارنى نىشانلىق يۆلەش ھەمكارلىقى» يولداش شى جىنپىڭ فۇجيەندە خىزمەت قىلغان مەزگىلدە ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ تۈرتكە بولغان مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك تەدبىر.

1997 ـ يىلى نىڭشيادا نامراتلارنى يۆلىگەندە، يولداش شى جىنپىڭ شىخەيگۇ تاغلىق رايونىدىكى ئاھالىنى كۆچۈرۈشنى يولغا قويۇشقا ياردەم بەرگەن، كۆچمەنلەر كەنتكە «مىننىڭ كەنتى» دەپ نام بەرگەن.

بۈگۈنكى كۈندە، مىننىڭ كەنتىنىڭ دەرىجىسى مىننىڭ بازىرىغا ئۆستۈرۈلدى.

20 نەچچە يىلدا، 11 تۈركۈمدە فۇجيەندىن ۋەزىپە بىلەن چىنىقىشقا ئەۋەتىلگەن 183 كادىر ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىپ ئىشلىدى، ماتارپىقا، داۋالاشقا، يېزا ئىگىلىككە ياردەم بېرىش خىزمىتى ئەترىتىنىڭ 2000دىن ئارتۇق ئەزاسى قەلب ۋە كۈچىنى مۇجەسسەملەپ، نىڭشيادىكى كادىرلار، ئامما بىلەن بىرلىكتە بوشاشماي كۆرەش قىلىپ، نامراتلىق ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى.

2016 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ بۇرۇن تۇرغان جايغا كېلىپ، مىننىڭ بازىرىنىڭ يۈەنلۇڭ كەنتىگە بېرىپ ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «فۇجيەن ـ نىڭشيا ھەمكارلىقىدا بىر داغدام يول تېپىپ چىقىلدى، بۇ قىممەتلىك تەجرىبىلەرنى پۈتۈن مەملىكەتكە كېڭەيتىپ، ئۆلكە كۆرستىپ، ئورتاق بېيىشنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ».

پۈتۈن مەملىكەت بىر تاختا شاھمات بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ چوڭ ئىشلارنى قىلىش، بۇ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشتىكى ئەڭ چوڭ تۈزۈم ئەۋزەللىكىدۇر.

ئومۇمىي پىلانىنى ئىلمىي تۈزۈشتىن ۋاقىت جەدۋىلى، يول خەرىتىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشقىچە، ھەر كىم ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش، ھەر كىم ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشتىن يۇقىرى ـ تۆۋەن بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىش، بىرتۇتاش ماسلاشتۇرۇشقىچە، جۇڭگوچە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش تۈزۈم سىستېمىسى ئەمەلىيەت داۋامىدا ئومۇميۈزلۈك ئورنىتىلدى.

بۇ تۈزۈم سىستېمىسىدا نېگىزلىك بولغىنى مەركەز بىرتۇتاش پىلانلايدىغان، ئۆلكە ئومۇمىي مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالىدىغان، شەھەر، ناھىيەلەر ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتىدىغان باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىدۇر.

2015 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، مەركەز نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش خىزمىتى يىغىنى ئېچىلدى، بۇ قېتىمقى يىغىن «تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى ئۆلچەم»دىكى نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى يىغىنى دەپ ئاتالدى.

يىغىن مەزگىلىدە، ئوتتۇرا، غەربىي قىسىمدىكى 22 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلىك پارتىيە، ھۆكۈمەتتىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ پارتىيە گېرىبى بېسىلغان قىپقىزىل مەسئۇلىيەتنامىسىگە ئىمزا قويدى.

«مانا بۇ سىلەرنىڭ مەركەزگە بەرگەن ھەربىي بۇيرۇقنى ئورۇنداش ۋەدەڭلار» دېدى باش شۇجى شى جىنپىڭ.

ھەربىي بۇيرۇق مۇقەددەس، ئۆلسەكمۇ ئۆزگەرمەيمىز.

ئىس ـ تۈتەكسىز جەڭ مەيدانلىرىدا، مۇشۇ يەردە تۇغۇلۇپ، مۇشۇ يەردە چوڭ بولغان پېشقەدەم ياچېيكا شۇجىلىرى، پېشقەدەم پارتىيە ئەزالىرى ئەسلىي مەقسەتنى ئۆزگەرتمەي، ئوتتۇرا ئېقىمدا تۈۋرۈكتەك مەزمۇت تۇردى، ياردەم بېرىشكە بارغان 3 مىليوندىن ئارتۇق 1 ـ شۇجى، ياردەم بېرىش ـ يۆلەش كادىرى پۈتۈن كۈچلىرىنى جەڭگە ئاتلاندۇرۇپ، غەلىبە قىلمىغۇچە قايتمىدى، يۇرتنى سېغىنغان دېھقان ئىشلەمچى پارتىيە ئەزالىرى، «قابىل» پارتىيە ئەزالىرى چاقىرىققا ئاۋاز قوشۇپ، يۇرتىغا قايتىپ «جەڭگە قاتناشتى»...

«بۇلار بىزنىڭ يېڭى دەۋردىكى قەھرىمانلىرىمىز» باش شۇجى شى جىنپىڭ كەڭ نامراتلارنى يۆلەش كادىرلىرىغا يۇقىرى باھا بەردى.

بۇ تۈزۈم سىستېمىسىدا، كۆپ يوللۇق، ھەر تەرەپلىمە نازارەتچىلىك سىستېمىسى ۋە ئەڭ قاتتىق تەكشۈرۈش، باھالاش سىستېمىسى گەۋدىلىك رولىنى جارى قىلدۇردى.

بېيجىڭدىن يولغا چىقىپ، ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ چۇڭچىڭغا يېتىپ بېرىپ، ئاندىن پويىزغا ئالماشتى، ئاپتوموبىلغا ئالماشتى، 2019 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئۇزۇن يول بېسىپ شىجۇ تۇجىيازۇ ئاپتونوم ناھىيەسىنىڭ خۇاشى كەنتىگە كەلدى.

خۇاشى كەنتىدىكىلەر ئەۋلادمۇئەۋلاد تاغ ئېتىكىدىكى «ئالقانچىلىك ئېتىز»دا تىرىقچىلىق قىلىپ كەلگەن، 85 نامرات ئائىلىدىكى 302 كىشىگە ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن بولۇپ، ئەينى چاغدا يەنە سەككىز ئائىلىدىكى 19 كىشى نامراتلىقتىن قۇتۇلمىغانىدى.

«مېنىڭ بۇ قېتىم يۇرتداشلارنى ئالايتەن يوقلاپ كېلىشىم 'ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش'نىڭ ھەقىقىي ئەمەلىيلەشكەن ـ ئەمەلىيلەشمىگەنلىكىنى، يەنە قانداق مەسىلەرنىڭ بارلىقىنى نەق مەيداندا ئىگىلەش ئۈچۈن.» باش شۇجى شى جىنپىڭ كۈلۈپ تۇرۇپ يەنە بىر جۈملە تولۇقلاپ مۇنداق دېدى: «بۇ قېتىم چۇڭچىڭغا كەلگەندە، سىلەرنىڭ بۇ نۇقتىڭلارنىلا ئارىلاپ تەكشۈردۈم».

2020 ـ يىلغا بارغاندا، يېزىلاردىكى نامرات نوپۇسنى يېمەك ـ ئىچمەكتىن غەم قىلدۇرماسلىق، كىيىم ـ كېچەكتىن غەم قىلدۇرماسلىق، مەجبۇرىيەت مائارىپى، ئاساسىي داۋالىنىش، تۇرالغۇ بىخەتەرلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈشنى مۇقىم ئىشقا ئاشۇرۇش نامرات نوپۇسنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتىكى ئاساسىي تەلەپ ۋە يادرولۇق كۆرسەتكۈچ بولۇپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ سۈپىتىگە بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك.

2 ـ كۈنى ئېچىلغان «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»تىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش سۆھبەت يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق» ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلىنىپتۇ، «ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»تە يەنە كۆپلىگەن ئاجىز ھالقىلار مەۋجۇت ئىكەن.

مەسىلە چىڭ تۇتۇلۇپ قويۇپ بېرىلمىدى، ئۆلكىلەر ئارا گىرەلەشتۈرۈپ باھالاشنى قانات يايدۇرۇشتىن 3 ـ تەرەپ باھالاشقىچە، ئاندىن نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىنىڭ نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى باھالاشقىچە، قاتتىق ۋە پۇختا بولۇش نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ پۈتكۈل جەريانىدا ئىزچىللاشتۇرۇلدى.

«پارتىيەگە، خەلققە، تارىخقا مەسئۇل بولۇش پوزىتسىيەسى بىلەن، خىزمەتلەرنى پۇختا، ياخشى ئىشلەش كېرەك» دەپ تەكىتلىدى باش شۇجى شى جىنپىڭ.

«ئىتتىپاقلىق —— كۈچ، بۇ كۈچ تۆمۈر، بۇ كۈچ پولات...»

1943 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، غەربىي شىمال جەڭ مەيدانى مۇلازىمەت ئۆمىكى خېبېي پىڭشەن ناھىيەسىگە كېلىپ ئىنقىلابىي كۆرەشكە قاتناشقان، ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمەتچىلىرى بېيجۇاڭ كەنتىدە ئوپېرا ۋە ئوخشاش نامدىكى «ئىتتىپاقلىق —— كۈچ» ناملىق ناخشىنى ئىجاد قىلغان ھەم مۇشۇ كەنتتە تۇنجى قېتىم ئورۇنلىغان.

2021 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، بېيجۇاڭ كەنتىدىكى بارلىق پارتىيە ئەزالىرى باش شۇجى شى جىنپىڭغا خەت يېزىپ، بۇ ناخشىنىڭ ئىلھامى بىلەن نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش ئەھۋالىنى دوكلات قىلىپ، ئاممىنى داۋاملىق ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، يېزا ـ كەنتلەرنى ياخشى گۈللەندۈرۈپ، تېخىمۇ ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈش ئىرادىسىنى ئىپادىلىدى.

2 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، باش شۇجى قايتۇرغان جاۋاب خېتىدە ئۇلارنىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ چاقىرىقىغا قەتئىي ئاۋاز قوشۇپ، ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، يۇرتداشلارنى تېخىمۇ ياخشى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئۇيۇشتۇرۇپ، بىر نىيەتتە ئويلاپ، بىر مەقسەتتە كۈچ چىقىرىپ، تۇرمۇشنى بارغانسېرى ياخشىلىشنى ئۈمىد قىلدى.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)